# 8652 ـ روزىدارنىڭ كۈندۈزدە ئوكۇل سالدۇرىشىنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

سوئال: رامزاننىڭ كۈندۈزىدە قۇۋۋەت ئوكۇلى ياكى ئادەتتىكى ئۇكۇل سالدۇرۇپ داۋالانسا قانداق بولىدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

رامزاننىڭ كۈندۈزىدە مۇسكۇلغا ۋە تومۇرغا ئۇكۇل سالدۇرۇپ داۋالانسا بولىدۇ، لېكىن قۇۋۋەت ئوكۇلى سالدۇرسا جايىز بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش كۈندۈزدە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ئوزۇقلانغاننىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، قۇۋۋەت ئوكۇلى سالدۇرۇش ھىيلە ئىشلىتىپ رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ئېغىز ئاچقانلىق دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا مۇسكۇلغا ۋە تومۇرغىمۇ ئوكۇلنى كېچىدە سالدۇرۇش ياخشى.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كۆمىتېتىنىڭ پەتىۋا مەجمۇئەسى 10-توم 252-بەت